# شىنجاڭنىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىق

□ گاۋ تۇڭتۇڭ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىر، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشى، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ كەڭ دائىرىدە ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىق. شىنجاڭ قوللانغان تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرى ئەقلىگە مۇۋاپىق، قانۇن ـ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىش گۈزەل ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن، جۇڭگو ئاساسىي قانۇنىنىڭ «دۆلەت كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېگەن مۇھىم پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان مىزان ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيەسىگە تامامەن ئۇيغۇن.

ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى بىرىنچى ئېھتىياجى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ماھىيەتلىك پائالىيىتى، ئەمگەك شەرەپلىك، ئىجادىيەت ئۇلۇغ، بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ مۇھىم شەرھلىنىشى.» ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىگە ئېرىشىش، ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم ۋاستە. مەيلى دۆلىتى، ئىرقى، تېرە رەڭگى، جىنسى، تىلى، دىنى، جەمئىيەت كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر ئادەم ئەمگەك قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولىدۇ، ھەمدە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلايدۇ، شەخس ئەتراپلىق يېتىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ياشاش ھوقۇقى ئەڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق، كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسى كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ، شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۇلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشىدىكى زۆرۈر شەرت بولۇپ قالىدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ زور مىقداردا بىكار قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش تەرەققىيات ئىدىيەسىگە ئاساسەن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق يەرلىك نىزام، قائىدىلەرنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا جىنسىي كەمسىتىش، ساغلاملىق جەھەتتە كەمسىتىش، ياش جەھەتتە كەمسىتىش قاتارلىقلارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى. نۇرغۇن ئامما ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ يېڭى ئۆي سېلىپ، يېڭى ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋېلىپ، قورساق تويغۇزۇشتىن ياخشى يېيىشكىچە، ئىسسىق كىيىنىشتىن چىرايلىق كىيىنىشكىچە، ئولتۇرىدىغانغا ئۆيى بولۇشتىن ياخشى ئۆيدە ئولتۇرۇشقىچە بولغان غايەت زور بۆرۈلۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، تۇرمۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، بۇ، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ جانلىق شەرھلىنىشى.

ئەمگەك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. «ھەربىر ئادەمنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنىڭ شەرتى»، ھالبۇكى، شەخس پەقەت كوللېكتىپ ئىچىدىلا تېخىمۇ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلالايدۇ. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى ھەممە ئادەمنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، لېكىن ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىشنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ئىقتىساد چېكىنگەن، تەرتىپ قالايمىقانلاشقان، ئەخلاق چۈشكۈنلەشكەن جەمئىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكتىن پەقەتلا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كوللېكتىپنىڭ تەرەققىياتى شەخستىن ئايرىلالمايدۇ. شەخسنىڭ تەرەققىياتى بولمىسا، كوللېكتىپنىڭ تەرەققىياتى بولمايدۇ. مېڭزى مۇنداق دېگەن: «پۇقرا بولۇشنىڭ يولى تۇراقلىق مۈلۈككە ئېرىشىش ئارقىلىق مۇقىملىققا تەلپۈنۈش.» «تۇراقلىق مۈلۈك»كە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈپ يولى پۇقرالارنىڭ «ئىشلىگەندە ھەق ئالالايدىغان بولۇش، كۆڭلىدە تەلپۈنۈشى بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش. 2018 ـ يىلى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغىنى «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش»تۇر. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پارتلاش خاراكتېرلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكىرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەش جەھەتتىن تېزلىتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئالدىنقى نىشان قىلغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتا بىر قاتار «بىرىكمە مۇشت» ئاتتى، جەمئىيەتتە مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، مۇقىملىق، ئىسلاھات ـ تەرەققىياتنىڭ پايدىسىمۇ كۈنسېرى نامايان بولدى. شىنجاڭ ئەمگەك كۈچلىرى جۇملەشكەن كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ھەرخىل ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ھەر يىلى نۇرغۇن ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەر ـ بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن 3.5%تىن تۆۋەن بولۇشى ساقلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، نۇرغۇن ئامما يېزىلاردىن چىقىپ، زاۋۇت، كارخانىلارغا كىرىپ، ماھارەت ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى ھەم ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئارقىلىق يۇرتىغا جاۋاب قايتۇردى، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇردى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تەكشى، مۇقىم تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى. ياخشى جەمئىيەت مۇھىتى ئۇلارنىڭ ياشىشى، تەرەققىي قىلىشىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنى ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ قىممەت ياراتقۇزدى، چېۋەر ئىككى قولىغا تايىنىپ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي ئېقىم كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيەسىنىڭ قىممەت ئىنتىلىشى. ئەمگەك ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى. ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى بىر تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. 1919 ـ يىلى خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق قىممىتىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى «ئەر ـ ئايال ئىشچىلارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش ئەھدىنامىسى» «ئىشقا ئورۇنلىشىشتا رۇخسەت قىلىش ئەڭ تۆۋەن ياش چېكى ئەھدىنامىسى» «بالا ئىشچىلارنى ئەڭ ناچار شەكىلدە ئەمگەككە سېلىشنى چەكلەش ۋە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» «ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كەسىپ جەھەتتە كەمسىتىلىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» قاتارلىق بىر قاتار ئەھدىنامىلەر ۋە تەشەببۇسلارنى ماقۇللاپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، ئىنسانلارنىڭ بەختىيار، ئەركىن، باراۋەر، ئازادە مۇھىتتا ئەمگەك قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ دۆلەتنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» «ئەمگەك قانۇنى» ۋە مەمۇرىي نىزاملار قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دائىملاشقان ئەمگەك قانۇن ئىجراسى تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك توختامى ئىمزالاش ھوقۇقى، ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ـ ساقلىقنى ساقلاش ـ ئاسراش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىغا ئېرىشىش ھوقۇقى قاتارلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن سىرت، يەنە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، بايرام ئۆتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ شەھەر، يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرى، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان كىشىلەر قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش توپىغا قارىتا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش، باھالاش مېخانىزمى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق تۈزۈم سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تېزلىتىپ، ئەمگەكچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى نوپۇسنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. پاكىت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شىنجاڭ قەتئىي تۈردە ھەر قانداق شەكىلدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى ھەم ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى بىلەن ئاساسىي ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىش، خەلقنى قەلبكە پۈكۈش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، شىنجاڭ خەلق مەركەز قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ بەختى، ئامانلىقى ـ ساغلاملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، قەتئىي قانۇن ـ نىزام بويىچە ئىش بېجىرىپ، ياخشى ئەمگەك مۇھىتىنى پائال يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنى تېخىمۇ قەدىر ـ قىممەتلىك، ئۈمىدلىك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

**(ئاپتور: گاۋ تۇڭتۇڭ خىزمەت ئورنى: جىنەن داشۆ ئاخبارات ۋە تارقىتىش شۆيۈەنى)**

**(«نۇر گېزىتى»نىڭ 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)**

# شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش تىرىشچانلىقىغا داغ تەگكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ

□ جيا چۈنياڭ

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. ھەرقانداق دۆلەت ۋە رايون ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش. ئۇزاقتىن بۇيان، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ ئىزچىل تۈردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىپ كەلدى. ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى نىسپىي ئارقىدا قالغان چەت، يىراق رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ تېخىمۇ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى.

شىنجاڭدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىمۇ ئىزچىل ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئامىللار بىلەن مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. دەل مۇشۇنداق پائال مەسئۇل بولىدىغان ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇقى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

ھالبۇكى، بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە قارىشى ۋە شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىپ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش غەرىزىنى چىقىش قىلىپ، «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش»نى دەستەك قىلىپ ئاتالمىش شىنجاڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەسىلىسىنى خالىغانچە كۆپتۈرۈپ، بارلىق كۈچى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ھەر خىل شەكىلدە قارا چاپلاش بىلەن بىللە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار ئەمەلدارلىرى، ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلىرىغا جازا يۈرگۈزدى. بۇنداق تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان كۆپتۈرمىچىلىك، خالىغانچە تەلۋىلىك بىلەن قارا چاپلاش ۋە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن جازا يۈرگۈزۈش ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان خەلقئارا ئىشلاردىكى زومىگەرلىك ئىستىلى ۋە قىپيالىڭاچ «قوش ئۆلچەم»نى تولۇق ئاشكارىلىدى، بۇ ھەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش تىرىشچانلىقىغا داغ تەگكۈزگەنلىك.

بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تۈپ ئاساسىي مەقسىتىنى گەۋدىلەندۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، باشتىن ـ ئاخىر جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى تۈپ ئاساسىي مەقسەت قىلىپ كەلدى. مەيلى ئىنقىلاب، ئۇرۇش يىللىرىدا بولسۇن ياكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قۇرۇلۇش، تەرەققىيات مەزگىلىدە بولسۇن، بۇ ئاساسىي مەقسەت باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىدى، شۇنداقلا ھېچقانداق سۇسلاشمىدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، نامرات نوپۇسمۇ نىسپىي كۆپرەك. بۇنىڭغا ئەسەبىيلىكىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ۋە تەسىرى قوشۇلۇپ قىسمەن ئاممىنىڭ كۆز قارىشى قالاق، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، نەتىجىدە تۇرمۇشى ئۇزاق ۋاقىت نامراتلىقتا قالغان. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىش ئاممىنى نامراتلىق ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش. شىنجاڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا يېتەكلىدى، روشەنكى بۇ ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدا جەمئىي 737 مىڭ 600 ئائىلە، 2 مىليون 923 مىڭ 200 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، 3107 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىنگەن، 25 نامرات ناھىيە قالپىقىنى ئېلىۋەتكەن، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 1.24%كە تۆۋەنلىگەن. 2018 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچىلا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ھەم بىڭتۇەننىڭ تۆت ئېغىر نامرات تۈەن ـ چاڭدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 155 مىڭ ئەمگەك كۈچى يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك ئاساسىي مەقسىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

ئىككىنچى، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم بېرىش ـ يۆلىشى شەخسنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇققا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشنى ئىشقا ئاشۇردى. گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ھېچقانداق ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش» «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بىلەن شۇغۇللانمىدى، بەلكى ئەڭ زور چەكتە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنى قوغدىدى. ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» بىلەن شۇغۇللانمىدى، بەلكى ئالدى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى تەكشۈرۈشنى قەرەللىك قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ھەربىر ئەمگەكچىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى ۋاقتىدا ئىگىلىدى، ئاندىن كەڭ دائىرىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىش، ئىش ئورنى تەمىنلەش ـ ئېھتىياج ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، رەتلەش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن، ھەربىر ئەمگەكچىنىڭ خاسلاشقان ئېھتىياجىنى قاندۇردى، بۇ ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئەركىن كەسىپ تاللىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاق تاشلىق كىتابقا ئاساسلانغاندا، 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسى گۈلباغ بازىرى ئويباغ كەنتىدە جەمئىي 3540 ئادەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارى بار 1509 ئادەم ئارىسىدا 1288 ئادەمنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار بولۇپ، 85%نى ئىگىلىگەن. بۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى 923 ئادەم زاۋۇت سېخلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغان، ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ 5000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان؛ 365 ئادەم سىرتلارغا چىقىپ نان يېقىش، يېمەك ـ ئىچمەك، قۇرۇق مېۋە تىجارىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى قويۇش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلغان. بۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرى بىر تەرەپتىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىنچىكە ۋە پۇختا خىزمەتلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت جەريانىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنچىكە، ئەتراپلىق مۇشۇنداق مۇلازىمەت ۋە شەخسنىڭ ئارزۇسىغا بولغان مۇشۇنداق ھۆرمەت، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى شەخسنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇشۇنداق شەكىل شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇپلا قالماي، يەنە ھەربىر ئەمگەكچىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئارزۇسىنى ھۆرمەت ۋە قانائەتكە ئىگە قىلدى، بۇ، كىشىلىك ھوقۇققا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ئۇنى قوغدىغانلىق.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)